# شېرىك ئەقىدىلەر خىرىستىئان دىنىغا قانداق ئارىلىشىپ قالغان ؟

[ئۇيغۇرچە]

كيف اختلطت النصرانية بالعقائد الشركية؟
[باللغة الأويغورية]


مۇپتى : مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008
islamhouse.com

# شېرىك ئەقىدىلەر خىرىستىئان دىنىغا قانداق ئارىلىشىپ قالغان ؟

سوئال نومۇرى 12634

ئەگەر ھەقىقى خىرىستىئان دىنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئەقىدىسىنى ، ھەمدە ئىبادەتنى ئۇنىڭدىن مەخلۇقاتلىرىدىن ھىچكىم مەيلى ئەيسا ياكى باشقا بىرى بولسۇن ئىبادەت قىلىنمايدۇ دىگەن ئەقىدىنى ئېلىپ كەلگەن تۇرسا ، ئۇنداقتا بۇ دىن قانداقسىگە كۆپ ئىلاھلىق ئەقىدىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى ھەمدە ئۇلار قانداق بولۇپ ئەيسا( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار قىلىۋالدى ؟

جاۋاپ:

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرىگە ئەمەس ، يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ــ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە شۇنىڭدەك باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىكنىڭ ئاساسى قىسمى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن :«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە:ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار،شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا،كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق

بولۇڭلار دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار،گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار، يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرىتىڭلار» نەھل سۈرىسى 36-ئايەت

يەنە بىر ئايەتە مۇنداق دېيىلىدۇ:«سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ ۋەھيى قىلدۇق»ئەنبىيا سۈرىسى 25-ئايەت.

ئەيسا( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) بۇ دەۋەت بويىچە خەلقىگە گۇۋاھ بولىدۇ ، ئاللاھ مۇنداق دىگەن:« ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى:« ئى مەريەم ئوغلى ئىسا ! سەن كىشىلەرگە،الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار،دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى:« (رەببىم!)شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى،ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن،ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام،ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن(يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق).سەم مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن،مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن،غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن(116).مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى،يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار،دېدىم.مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە،ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرىتىپ تۇرغان ئىدىم،مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن

كېيىن،ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ،سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن»مائىدە سۈرىسى 116ـ117ـ ئايەتلەر

ئەمدى بۇ دىنغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قانداق بولۇپ ساپ تەۋھىدتىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى ، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار قىلىۋېلىپ ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىغا كەلسەك ، بۇ خىرىستىئان تارىخىدىكى بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش . بىز بۇيەردە ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ سۆزلىرىدىن بىر قىسىم ئىسپاتلارنى ئېيتىپ ئۆتىمىز ،قۇلاق بار كىشىلەر ئاڭلىسۇن: ئامرىكا ئىنسىكىلوپىدىيىسىدە مۇنداق دىيىلىدۇ : بىر ئىلاھلىق ئەقىدىسى ئىلاھ ھەركىتى سۈپىتىدە تارىختا ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. ھەمدە ئەمەلىيەتتە نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئۈچ ئىلاھلىق ئەقىدىسىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. خىرىستىئان دىنى يەھۇدىي دىنىدىن تەرەققى قىلىپ چىققان ، ھەمدە يەھۇدىي دىنى بىر ئىلاھلىق ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرغان .

يىرۇسالىمدىن( مەسىيھنىڭ تۇنجى شاگىرتلىرىنىڭ ئۆيى) باشلانغان نىسا( مىلادى 325ـيىلى مەسىيھ ئاللاھ بىلەن ماھىيەت ۋە مەڭگۈلۈكلۈكتە باراۋەر دەيدىغان قارار ماقۇللانغان جاي ) غىچە بولغان يولنى توغرا يول بولغان دەيدىغان دەيدىغان سۆز ئىنتايىن ئاز بولغان .

مىلادى 4ـ ئەسىردە قارار قىلىنغان ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە تەلىماتى ئاللاھنىڭ خاراكتىرى ھەققىدىكى تۇنجى مەسىيھ تەلىماتىغا

ئوخشىمايتتى . ئەكسىنچە ئۇ تەلىماتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندى ، شۇڭلاشقا بىر ئىلاھ ئەقىدىسىگە زىت ھالدا تەرەققى قىلغان . [ 27 294]

سىز ئامرىكا ئىنسىكلوپېدىيىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئىلاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم خىرىستىئانلارنىڭ قاراشلىرىغا قاراڭ . [ 27 300-301] . ۋىل دۇرانت مۇنداق دەيدۇ : " خىرىستىئان دىنى رىمنى ئىشغال قىلغاندا ، يېڭى دىن يەنى ، خىرىستىئان دىنىغا كۆچتى . قەدىمي بۇددىزىم دىنىنىڭ قېنى : چوڭ پوپنىڭ نامى ، ئۇلۇغ ئانىغا ئىبادەت قىلىش ، كۆڭۈللەرگە خاتىرجەملىك بېرىدىغان سانسىزلىغان خۇدالارنىڭ سانى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممە يەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكى ، ئۇلارنى سىزىم بىلەن بىلگىلى بولمايدىغانلىقى ،مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئانىنىڭ قېنى بالىغا كۆچكەندەك ، خىرىستىئان دىنىغا كۆچتى .

مەدەنىيلەشكەن ئىمپېرىيە كۈچى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچلۈك پوپلىقۇقا قاراتتى ھەمدە سۆزنىڭ رولى قىلىچنىڭ رولىغا ئالماشتى . چېركاۋ پوپلىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى . خىرىستىئان دىنى شېركىزىمنى ئاخىرلاشتۇرماستىن ، بەلكى ئۇنى كۈچەيتتى . گېرېك ئەقىل-پاراستى ھاياتقا يېڭىچە شەكىلدە ، چېركاۋنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى ۋە تەلىماتلىرى شەكلىدە قايتتى . يۇشۇرۇن گېرېك قائىدە-

مۇراسىملىرى ئىبادەتخانا مۇقەددەس كىشىلىرىنىڭ قائىدە-مۇراسىملىرى بولۇپ كۆچتى . ھەمدە مىسىردىن مۇقەددەس ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە ، ھىسابات كۈنى ، مەڭگۈلۈك ساۋاپ ۋە جازا ، ھەمدە ئادەمنىڭ بۇنىڭدا ياكى ئۇنىڭدا مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى ئىددىيەلىرى كەلدى . مىسىردىن يەنە بالىنىڭ ئانىسىغا ئەبادەت قىلىش ، ئىلاھ بىلەن تەسەۋۋۇپلارچە باغلىنىش قاراشلىرى كەلدى ؛ ئۇ باغلىنىش ئەپلاتونىزىم ، ۋە لائەدرىزىمنى پەيدا قىلدى ھەمدە خىرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ بەلگىلىرىنى يوق قىلدى . پىرىسىيەدىن مەسىيھنىڭ قايتىپ كىلىشى ۋە ئۇنىڭ زىمىندا 1000 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئەقىدىسى كەلدى . " [ مەدەنىيەت ھىكايىلىرى ، 11 418 ]

دۇرانتنىڭ سۆزلىرىدىكى خۇداسىزلىق ئىددىيىسىنىڭ ئامىللىرى ئۇنىڭغا مەلۇم بولسىمۇ ، ھەمدە ئۇ ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ساۋاپ ۋە جازا ئىددىيسى مىسىرلىقلاردىن كەلگەن دەيدىغان دەۋاسىدا كۆرۈلگەن بولسىمۇ ، ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەن خىرىستىئان دىنىدىكى شىركىزىمنىڭ مەنبەلىرىنى ئىزدەش ئەمدى سىر ئەمەس ، ھەمدە ئۇ بىردىنبىر ئۇنى تەتقىق قىلغان كىشى ئەمەس . ئۇنىڭ « خىرىستىئان دىنى ۋە شىركىزىم » دىگەن كىتابىدا ، روبىرتسون مۇنداق دەيدۇ : " مىسراسىيە يەنى ، پارىسلارنىڭ ئەسلى دىنى بولسا ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن پارىسلار دۆلىتىدە گۈللەنگەن . ھەمدە تەخمىنەن مىلادى 70-يىلى رىمغا يېتىپ باردى ھەمدە ئۇ رىمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىڭەيدى . ئاندىن ئۇ

بىرىتانىيەگە يېتىپ بىرىپ،          بىر قانچە بىرىتانىيە شەھەرلىرىگە كىگۈەيدى.

بۇ دىنىنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىكلىرى توغىرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ :

- مىسراس ، ئۇ شۇنداق ئاتالغاندىن كىيىن ئاللاھ بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرسىدا ۋاستە . [ ئۇنىڭ خىرىستىئان دىنىدىكى ئوخشىشىغا قاراڭ : ئەلچىلەر ئىش-ھەركەتلىرى، 4 12 ]

- ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 25- دىكابىر . [ ھەمدە ئۇ خىرىستىئانلارنىڭ ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش كۈنى ]

- ئۇنىڭ 12 ھەۋۋارىيۇنى بولغان . [ مەتا ،1 10 غا قاراڭ ]

- دۇنيانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆلگەن .[ بىرىنچى كورنىسوس ،     315 كە قاراڭ ]

- ئۇ دەپنە قىلىنغان ، بىراق ئۇ ھاياتلىققا قايتىپ كىلىدۇ .[ بىرىنچى كورنىسوسقا قاراڭ ، 4: 15 ]

- [ ئۇ ھەۋۋارىيۇنلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاسمانغا كۆتۈرلۈپ كەتكەن . [ئەلچىلەر ئىش-ھەركەتلىرى ، 19 غا قاراڭ ]

- ئۇ قۇتقازغۇچى دەپ ئاتالغان . [ تىتۇس 2 13 كە قاراڭ ]

- ئۇنىڭ سۆپەتلىرىنىڭ بىرى ـ ئۇ يۇۋاش قوزىغا ئوخشايتتى .[ جون ، 1: 29 غا قاراڭ ]

- ھەر يىلى ئۇنى ئەسلەپ ئىلاھى كەچلىك غىزا ئۆتكۈزىلىدۇ . [ بىرىنچى كورىنسوس ، 11 23ـ25 كە قاراڭ ]

- ئۇنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى ـ ئۇ يۇيۇلغان .

- يەكشەمبە كۈنى ئۇلارغا مۇقەددەس كۈن . "

فىرانسىيلىك لىئون جوتەھ ئۆزىنىڭ « ئىسلام پەلسەپىسىگە كىرىش سۆز » ناملىق كىتابىدا خىرىستىئان ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە قارىشىنىڭ مەنبىيى گىرىك پەلسەپىسىدە بولۇپمۇ ، ھازىرقى زامان ئەپلاتونىزىم ئىددىيىسىدە بايقالغان دىگەن قاراش بار بولۇپ ، ئۇ ئەپلاتونىنىڭ كائىناتنى ياراتقۇچى ئىددىيىسى قارىشىنى ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە ئىددىيىسىنىڭ ئاساسى قىلغان ، ئاندىن ئۇنى زور كۆلەمدە تەرەققى قىلدۇرغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىددىيە بىلەن خىرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق زورىيىپ كەتكەن . شۇڭا ( ئۇلارنىڭ قارىشىدا ) ياراتقۇچى ، مۇتلەق مۇكەممەللىك ئىگىسى ئۆزى بىلەن مەخلۇقاتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىككى ۋاستىچىنى تەيىنلىگەن ، ھەمدە ئۇ ئىككەيلەن ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ، يەنى ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . بۇ ئىككى مۇستەقىل گەۋدە ئەقىل ۋە ئىلاھى روھ . ئاندىن ئۇ مۇنداق دىدى : يەھۇدىي ئەقىدىسى بىلەن گىرىك پەلسەپىسىنىڭ نىكاھلىنىشى بىر پەلسەپىنى ئىشلەپ چىقىرىپلا

قالماستىن ، بەلكى بىر دىنىمۇ يەنى ، نۇرغۇن ئىددىيەلەرنى گېرىكلەردىن قوبۇل قىلغان خىرىستىئان دىنىنى ئىشلەپ چىقاردى . خىرىستىئان ئىلاھ چۈشەنچىسى ھازىرقى ئەپلاتونىزىمدەك ئوخشاش مەنبەدىن ئېلىنغان . شۇڭلاشقا ، گەرچە ئۇلار بىر قىسىم تەپسىلاتلاردا پەرقلىق بولسىمۇ ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى كۆرىسىز . ئۇلارنىڭ ھەرئىككىلىسى ئۈچ ئىلاھ بىرگەۋدە ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، ھەمدە بۇ ئۈچ ئىلاھ ھەر ئىككىلىسىدە بىر نەرسە .

مانا بۇ ئامېرىكا يازغۇچىسى دىراپىرنىڭ كۆرسىتىدىغىنى : بۇددىزىم ۋە كۆپ ئىلاھىزىم بولسا خىرىستىئان بولۇۋېلىپ رىم ھۆكۈمىتىدە تەسىرى بار ئورۇنلار ۋە يۇقۇرى مەرتىۋىلەرگە ئىگە بولۇۋالغان مۇناپىقلارنىڭ تەسىرىدە خىرىستىئان دىنىغا كىرگەن . بىراق ئۇلار دىن ئىشىغا ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا بىرەر كۈن بولسىمۇ ، ئىخلاسى بولمىغان . ئوخشاشلا كونىستانتىن ھاياتىنى زۇلۇم ۋە رەزىللىكتە ئۆتكۈزگەن . ھاياتىنىڭ ئاخىردىكى قىسقىغىنە ۋاقتىنى ھىساپقا ئالمىغاندا ، چېركاۋنىڭ بۇيرۇقلىرىغا رىئايە قىلمىغان . [ 337-ب ]

گەرچە خىرىستىئان جامائىتى كۈچ-قۇدرەت تېپىپ ، كونىستانتىننى پادىشاھلىققا تەيىنلىگەن بولسىمۇ ، بۇددىزىمنى يىلتىزىدىن يۇتۇنلەي قومۇرۇۋېتىشكە كۈچى يەتمىگەن . ئۇلارنىڭ كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىغا بۇددىزىمنى ئارلاشتۇرۇۋېتىش بولغان .

ئۇنىڭدىن بىر يىگى دىن يىتىلىپ ، ئۇنىڭدا خىرىستىئان دىنى بىلەن بۇدىزىمنىڭ باراۋەرلىكى گەۋدىلەنگەن .

ئۇلارنىڭ ئۆز كىتابىدا گۇۋاھلىق بەرگىنىدەك ، شۇنداق قىلىپ خىرىستىئانلار ئۇلاردىن ئىلگىرى كەلگەن كاپىرلارنىڭ يولىغا قەدەممۇ-قەدەم ئەگەشتى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن :« يەھۇدىيلار:« ئۇزەير الله نىڭ ئوغلىدۇر » دېدى،ناساراالار:« مەسىھ(يەنى ئىسا) الله نىڭ ئوغلىدۇر » دېدى، بۇ،ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى)ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ(يەنى مۇشرىكلارنىڭ:« پەرىشتىلەر الله نىڭ قىزلىرىدۇر » دېگەن)سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ.الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى،(الله نىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا،ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ)ئۇلار قانداقمۇ(الله نىڭ بالىسى باردەپ)الله غا يالغان چاپلايدۇ .» تەۋبە سۈرىسى 30-ئايەت . ھەمدە ئاللاھ بولسا كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسىدۇر .